### شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ 7 ـ قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىتتىپاق، باي، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېڭى شىزاڭ بەرپا قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىزاڭنىڭ يەرلىك بىلەن ۋەتەننىڭ مۇناسىۋەت تارىخى تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك. مەكتەپلەردە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، جۇڭخۇانى سۆيۈش ئۇرۇقىنى ھەربىر ياش ـ ئۆسمۈرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. شىزاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھەرقايسى مىللەتلەر ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش تارىخىي پاكىتىنى قېزىپ، رەتلەپ، تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مىللەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ۋە كەلگۈسىنى كۆرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە ئېڭىنى چوڭقۇر تونۇشقا يېتەكلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تىبەت بۇددا دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، تىبەت بۇددا دىنىنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئەلالاشتۇرۇشنى كىرىش نۇقتىسى قىلىپ، مۇھىم ئامىل ۋە ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تىرەك قىلىپ، تۈزۈم ـ مېخانىزمنى كاپالەت قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر يۈرگۈزۈپ، دەل جايىدا كۈچەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ چارە ئويلاپ، تېخىمۇ كۆپ داۋاملاشما ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، قوللاپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش كېرەك، بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قاتناش ئەسلىھەلىرى، داۋالىنىش، ئوقۇش، كۈتۈنۈش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قاتارلىقلار تولۇق قاپلاش كېرەك. سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى چۆرىدەپ، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە، ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىتتىپاقلىق لىنىيەسى، بەخت يولىنى بەرپا قىلىش كېرەك. قوبۇل قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يار ـ يۆلەك بولۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق بازاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مېدىتسىنا قاتارلىق جىددىي كەمچىل ئىختىساسلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ يېتىشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى بازار ئېھتىياجىنى كۆزلەپ، كەسپىي مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇپ، پەنلەرنى ئىلمىي تەسىس قىلىپ، قاتلام ۋە سەۋىيەنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ كەسپىي ماھارەت تىپىدىكى يارامىلىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ياخشى قوغداش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا قوشقان ئەڭ زور تۆھپە. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تارىختا مەسئۇل بولۇش، خەلققە مەسئۇل بولۇش، دۇنياغا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئېگىزلىكتىكى جانلىقلار، ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەر، تاغ ـ دەريالارنى ياخشى قوغداپ، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ، ھەتتا خەلقئارانىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئېگىزلىكى قىلىپ بەرپا قىلىش كېرەك. چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىت ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، يەرشارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى توغرا ئىگىلەپ، قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزەشنىڭ سىستېمىلىق لايىھەسى ۋە قۇرۇلۇش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. تۆلەم تولۇقلىمىسى شەكلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەنى قوغداشنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغىتىپ، ياخشى ئېكولوگىيەنى ئورتاق بەرپا قىلىدىغان، گۈزەل تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىلىنىدىغان ياخشى ئايلىنىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. چېگرا رايون قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئالاھىدە مەدەت بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، چېگرا رايوندىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىغا، غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، پۇختىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ھەر مىللەت ئاممىنى يېتەكلەپ بوران ـ چاپقۇننىڭ سىنىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، قىيىنچىلىق، خىرىسلارنى يېڭىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچكە ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ كاللىسىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى سالمىقىنى زورايتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مۇھىم، زور كۈرەشلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: كەڭ كادىرلار، بولۇپمۇ شىزاڭدىكى كادىرلار «كونا شىزاڭ روھى»نى جارى قىلدۇرۇپ، ئوكسىگېن كەمچىل بولسىمۇ روھى كەمەيتمەي، جاپالىق بولسىمۇ جاپا چېكىشتىن قورقماي، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولسىمۇ مەنىۋى مەنزىلىنى يۈكسەك قىلىپ، خىزمەتتە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئىستىلىنى تاۋلىشى كېرەك. شىزاڭدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇلارنى ئاسراپ، مائاش كىرىمى، تۇرالغۇسى، داۋالىنىشى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى، پېنسىيەگە چىققانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى قوللاش سىياسەتلىرىنى ياخشى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ساغلاملىق كاپالىتى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز رايونلارغا ماس كېلىدىغان داۋالاش، ساقلىنىش ساقلاش يېڭى ئۈسكۈنىلىرى، يېڭى تېخنىكىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ھەم كېڭەيتىپ، ئۇلارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەركەزنىڭ شىزاڭنى قوللىشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شىزاڭغا ياردەم بېرىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىزچىل سىياسىتى، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، شىزاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. سىچۈەن، يۈننەن، گەنسۇ، چىڭخەي تۆت ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى شىزاڭغا ئالاقىدار خىزمەتلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن بولغان ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. مەركەز تۆت ئۆلكىنىڭ شىزاڭغا ئالاقىدار خىزمەتلىرىنى قوللاش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، شىزاڭغا ئالاقىدار ئوبلاست، ناھىيەلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلىشى، ئېكولوگىيەنى قوغداشنى كۈچەيتىشى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ۋە ياخشىلىشى، خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئاممىنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە مەركەزنىڭ 6 ـ قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىنىپ، ھازىر شىزاڭ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە شىزاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى يېتەكچى ئىدىيە شەرھلەندى، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك شىزاڭ خىزمىتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر، فاڭجېن، سىياسەت، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىچۈەن، يۈننەن، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ شىزاڭغا ئالاقىدار خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىققا، ئىدىيەۋىلىككە، نەزەرىيەۋىلىككە ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىزاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىزاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىزاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ئەھۋال كۆزىتىلىپ، ۋەزىيەت مۆلچەرلەنگەن، پۈتۈن ۋەزىيەت ئىگىلەنگەن، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىنتايىن كۈچلۈك نەزەرىيەۋىلىككە، يېتەكچىلىككە، قاراتمىلىققا ئىگە، ماركسىزملىق ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىزاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۇنى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى مۇكەممەل چۈشىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ تەدبىرنىڭ شىزاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى پروگرامما ۋە روھ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە بۇنى كۆرسەتكۈچ ۋە ئۆلچەم قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شىزاڭ خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى ۋەزىپىسىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر تۈزۈپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۆپرەك ھەل قىلىش كېرەك. ئالاقىدار رايون ۋە تارماقلار يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ، يىغىندا بېكىتىلگەن ۋەزىپە، ئورۇنلاشتۇرمىلارنى بىرمۇبىر، تۈرمۇتۈر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تەقسىملەپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلارنى كونكرېت خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، زىچ ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مول مەزمۇنلۇق تەشۋىقات، لېكسىيە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، يىغىن روھىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىتىش كېرەك.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، سىچۈەن، يۈننەن، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى مەسئۇل يولداشلار، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. لېكىن جەزمەن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ساقلاش، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسى ئېغىر. جەزمەن بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخكىسى، بوشىشىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي توسۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەش، كەسپىي ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئامما ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دەسلەپكى لايىھە مەشقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ماددىي ئەشيا زاپىسىنى ياخشى تەييارلاپ، كەسپىي تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرتەرەپ قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كۈز، قىش پەسلىدىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەييارلىقىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپنىڭ ئايلىنىشى، بازارنىڭ ئايلىنىشى، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى پۇختا، تەرتىپلىك راۋانلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، كارخانىلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىش؛ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كۈزدە چارۋىلارنى قوتاندىن چىقىرىش، بېقىشنى باشقۇرۇش، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش؛ خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئوقۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىش؛ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئورۇنلاشتۇرۇش بىر ئۆلۈش بولسا، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توققۇز ئۆلۈش بولىدۇ. «قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان» چىدامچانلىق، «دۈشمەن قورغىنىنى ئالمىغۇچە قايتمايدىغان» جان تىكىپ ئېلىشىش غەيرىتى بىلەن، قانچە جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش روھى بىلەن، كۆڭۈل قويۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك.